# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە بۇ يىل تاپشۇرغان ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە جاۋاب قەغىزىنى تولۇق تونۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى «بەش توپ» قانۇنىيەتلىك تونۇشنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇۋەققەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى توپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى توپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى تىرىشىپ ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىش كېرەك. مۇۋەققەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپكە قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئورۇننى توغرا تېپىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئون چوڭ كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىستېمالنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى ۋە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاش كېرەك.

بەشىنچىدىن، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ماس ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش؛ تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسپلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەستە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. دۆلىتىمىز پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، كۈچلۈك خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، قەتئىي ئېلاستىكلىقنى نامايان قىلدى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئىنتايىن پايدىسىز شارائىتتا بۇنداق ۋەزنىلىك جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇرالىغانلىقىمىز بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن قالتىس ئىش بولۇپ، ئۇنى تارىخ بېتىگە يېزىشقا تامامەن بولىدۇ!

ئىشنى باشلىماق قىيىن، لېكىن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كىشىلەر يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يول باشلاپ رولچى بولغاچقا، مىليونلىغان خەلق بىرنىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئىلگىرىلەش يولىدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى چوقۇم يېڭەلەيدۇ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى چوقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتالايدۇ.

بۇ يىل «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. بەش يىل سىجىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ. ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنە يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى. ھازىر، خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى، چىن قەلبىدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن تېخىمۇ پەخىرلەندى، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۆرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تاشقى مۇھىتتا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت. كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر يىل، «14 ـ بەش يىل» باشلىنىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان يىل بولۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇۋەققەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش كېرەك. كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى ئالدىن كۆرۈش، ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىستىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك.

«تايىنىشقا تېگىشلىكى ۋەزىيەتتۇر، چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىكى پۇرسەتتۇر». «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، بىز قىلچىلىكمۇ ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ، لېكىن چەكسىز ئىشەنچنى قەلبىمىزگە پۈكۈشىمىز كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇردى، جۇڭگو پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. بۇ «بىردىنبىر»، بىزنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا تەستە قولغا كەلگەن، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قۇدرەتلىك ئېلاستىكلىقى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا يۇقۇم تۇمانى ئىچىدە قالغان دۇنياغا ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى پەلسەپە ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور چېن خۇڭ مۇنداق دېدى: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى. بىز مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ‹بىر پورت›، ‹ئىككى رايون›، ‹بەش چوڭ مەركەز›، ‹پورت ئىقتىساد بەلبېغى›دىن ئىبارەت تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تىرىشىپ تۈرتكە بولدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر رۇڭ جۈن مۇنداق دېدى: «بىز مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، ‹14 ـ بەش يىل›نى ياخشى باشلاش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز».

«مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا كېلەر يىلى تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىندى ھەم 2021 ـ يىلدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم مۇنداق بىلدۈردى: بىز مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولىمىز.

«بىز مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز.» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جيەنلىن مۇنداق دېدى: «كېلەر يىلى، بىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئەمەلىي ئىقتىسادنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى نىشان قىلىپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە باغچە رايون قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئون چوڭ كەسىپنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ‹قورغاس شەھىرى بىلەن قورغاس ناھىيەسىنى، غۇلجا شەھىرى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش› ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز».

قۇتۇبى ناھىيەسى دافېڭ بازىرى تۇڭفا يەم ـ خەشەك، زىرائەت تېرىقچىلىقى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى كۆپ يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ئەزاسىنى 240 ئائىلىگە يەتكۈزۈپ، ئەتراپتىكى 1000دىن ئارتۇق دېھقان ـ چارۋىچى ئائىلىسىنى يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىقى ۋە چارۋا باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى رىشىت ياسىن مۇنداق دېدى: «مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى كوپېراتىپىمىزنىڭ كېلەر يىللىق تەرەققىياتىغا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بىز يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، خاس زاكازلىق باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خاس كەسىپ زەنجىرىنى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش زەنجىرىگە ئايلاندۇرىمىز».

**(مۇخبىر جاڭ يۈنمېي، قاتناشقان مۇخبىرلار يۈەن لېي، جاڭ يەنفاڭ، خې خۇڭۋېي، جاڭ جىلى، جەزىرە نېسىپبېك، گې يوۋجۈن)**

---

# سانجى ئوبلاستى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى پۇختا تۇتتى

**پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى**

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن** خەۋەر قىلىدۇ: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نۆۋەتتە، سانجى ئوبلاستىدا پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىلىشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، بىر قىسىم پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ يىللىق تارقىتىش پىلان ـ ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

سانجى ئوبلاستى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى پائال قوللىنىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىراجىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى تەشكىلات تارماقلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، بەلگىلىك ساندا پارتىيە بەدەل پۇلى ئاجرىتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەمدە شارائىتى نىسبەتەن ئاجىز بولغان يېزا ـ بازار، كەنت (مەھەللە) ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قوللاشقا ئىشلەتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەنە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش مەن تۇغقىنىمغا پارتىيە گېزىتى سوۋغا قىلىمەن» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ تۇغقانلىشىپ ھوددىگە ئېلىش ـ ئالاقىلىشىش ئائىلىلىرى، «ئەل ئارايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى قاتارلىقلارنى تولۇق قاپلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. گۈچۈڭ، مورى ۋە قۇتۇبى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەر يەنە شۇ دەرىجىلىك مالىيەدىن پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىش، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا تارقىتىش ۋە ئاممىغا سوۋغا قىلىش شەكلىدە قوللىنىپ، مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسى ۋە خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، سانجى ئوبلاستى يەنە پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئىدېئولوگىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سەييارە تەكشۈرۈش مەزمۇنىغا كىرگۈزدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە، سانجى ئوبلاستى «شىنجاڭ گېزىتى»گە 13 مىڭ 668 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى تاماملاپ، يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى؛ «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا 10 مىڭ 67 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى تاماملىدى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1651 پارچە كۆپەيدى. باشقا پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىمۇ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سانجى ئوبلاستى يەنە «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» سۇپىسى ۋە «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئۆگىنىش قىلىشتا «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى»گە چىقىش، شىنجاڭنىڭ نوپۇزلۇق ئۇچۇرىغا ئېرىشىشتە «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىغا چىقىش ئادىتىنى سىجىل يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدى. پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسى ۋە «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كىرگۈزۈش، ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئۆگىنىشكە تىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، سانجى ئوبلاستى ھەيدەكچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى»نى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشنى ئىدېئولوگىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، جانلىق ئابونتچىلارنىڭ سىجىللىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن كەڭ كادىرلار، ئاممىنى «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالى ئارقىلىق، ئەڭ ياخشى، ئەڭ قالتىس «شىنجاڭ ھېكايىسى»نى چۈشىنىشكە كەڭ يېتەكلەشنى تەلەپ قىلدى.